## 21237 ـ ھەجدە ئېھرام كىيىشتىكى ھېكمەت

### سۇئال

ھەجگە نىيەت قىلغان كىشى نېمە ئۈچۈن ئېھرام كىيىمى كىيدۇ؟

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھقا خاستۇر.

ئاللاھ تائالا ئۆزىگە خاس ھېكمەت بىلەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزنى ھەج ۋە ئۆمرە پائالىيەتلىرىدە ئېھرام كىيىمى كىيىشكە بۇيرىدى، بىز بۇ ھېكمەتنى بىلەيلى ياكى بىلمەيلى، ئاللاھتىن ساۋاپ ئۈمىت قىلغان ئاساستا بۇ ھۆكۈمگە شەرتسىز بويسۇنۇشىمىز كېرەك.

بەزى ئالىملار ھەج ۋە ئۆمرە قىلغۇچىنىڭ ئېھرام كىيىشكە بۇيرۇلۇشىدىكى ھېكمەت توغرىسىدا توختىلىپ مۇنداق دەيدۇ: ئوخشاش ھالەتتىكى ئېھرام كىيىمنى كىيىش ئارقىلىق قىيامەت مەيدانىدا جۇغلاشقان كىشىلەرنىڭ ئەھۋالىنى ئەسلەش، شۇنىڭدەك ئىنسانلار ئارىسىدىكى باي ـ كەمبەغەل، پادشاھ ـ گاداي قاتارلىقلار ئاللاھنىڭ نەزىرىدە ئىنسانىيلىقتا باپ ـ باراۋەر ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلىشتىن ئىبارەتتۇر. ئاللاھتىن تا ئەبەد بىز ۋە سىلەر ئۈچۈن تەۋپىق ـ ھىدايەت ۋە ھەقتە مۇستەھكەم قىلىشىنى سورايمىز.

ئاللاھ ھەممىگە مۇۋەپپەق قىلغۇچىدۇر. پەيغەمبىرىمىزگە، ئائىلە ـ تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلارغا دۇرۇت سالاملار بولسۇن.